## - Visual Basic 2005گراماتىكا قائىدىللىرى

بۇ پاراگرافتا بىز Visual Basic2005ۋە ئۇنىڭ گراماتىكا قائىدىللىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىمىز ، Visual Basic 2005گراماتىكا قائىدىللىرى ھىساپلاش بەلگىللىرى (运算符 )، ئىپادىلەش ئۇسۇلى (表达式 ) ، شەرتلىك قۇرۇلما (条件结构 ) ھەمدە ئايلانما (دەۋرى)قۇرۇلما (循环结构 )قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

### 1. ماتىماتىكىلىق ھىساپلاش بەلگىللىرى

ماتىماتىكىلىق ھىساپلاش بەلگىللىرى بولسا بىزگە تونۇشلۇق بولغان ماتىماتىكىلىق ئەمەللەردۇر. ماتىماتىكىلىق ھىساپلاش بەلگىللىرىنى پىرىق بەلگە تىزىق (字符串 ) ، ئۆزگەرگۈچى مىقدار (变量 )، ئىپادىلەش ئۇسۇلى (表达式)، فۇنكسىيە (函数 ) ، خاسلىق تەكشۈرۈش (属性调用 ) ، ھەمدە تۇراقلىق مىقدارلارنى ھىساپلاش جەريانلىرىدا قوللىنىشقا بولىدۇ .

| يۇقىرى تۆۋەنلىك دەرىجىسى | ھىساپلاش بەلگىسى | چۈشەندۈرۈش |
|---|---|---|
| يۇقىرى ↑ | ^ | دەرىجىگە كۆتۈرۈش بەلگىسى مەسلەن 2^3=8 |
| | - | منوس ئالامىتى |
| | * / | *بولسا كۆپەيتىش بەلگىسى. /بولسا بۆلۈش بەلگىسى بۇ بۆلۈش بەلگىسىدىن چىققان نەتىجە بولسا ھەققى ساندۇر. |
| | Mod | ماتىماتىكىلىق مودىلى ، يەنى Mod(13,4) =1، بۇ 13نى 4كە بۆلگەندە ئېشىپ قالغان قىممەتنى كۆرسىتىدىغانلىق . |
| | + − | ماتېماتىكىلىق قوشۇش بەلگىسى ھەمدە ئېلىش بەلگىسى. +بەلگىسىدىن پايدىلىنىپ يەنە ئىككى ھەرىپ بەلگە تىزىقنى باغلىغىلى بولىدۇ . |
| ↓ تۆۋەن | & | ھەرىپ تىزىقنى ئۇلاش بەلگىسى |

### 2. باغلىغۇچى ھىساپلاش بەلگىللىرى :

باغلىغۇچى ھىساپلاش بەلگىللىرى بولسا كۆپلىگەن ھەرىپ بەلگە تىزىقنى بىر ھەرىپ بەلگە تىزىقىغا ئايلاندۇرىدۇ. باغلىغۇچى ھىساپلاش بەلگىللىرى ئىككى خىل بولۇپ "+"ھەمدە "&"دىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ قوللىنىلىشى تۆۋەندىكى مىسالدا كۆرستىلگەندەك .

```
Dim x As String
x = "Men" & "kompyoterni" & "yahxi" & "kuriman"
```

بۇ بەلگىلەر Stringئۆزگەرگۈچى مىقدارلىردىمۇ ئوخشاش ، ئۇنىڭدىن باشقا يۇقارقى ئىپادىدىكى &نىڭ ئورنىغا + نى ئىشلەتسەكمۇ قىممەت يەنىلا ئوخشاش.

تۆۋەندىكىسى Stringئۆزگەرگۈچى مىقداردىكى كۆرستىلىشى:

```
Dim x As String = "abc"
Dim y As String = "def"
Dim z As String
z = x & y
```

بۇ يەردىكى Zنىڭ قىممىتى abcdefقا تەڭ .

### 3. سېلىشتۇرۇش ھېساپلاش بەلگىلىرى

سېلىشتۇرۇش ھېساپلاش بەلگىلىرى بولسا ئىككى ئىپادە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سېلىشتۇرۇشتا قوللىنىلىدۇ . قايتۇرىدىغان قىممىتى پەقەتلا Booleanقىممەتتۇر . ئۆز سانلىق قىممەتنى سېلىشتۇرىدىغان بەلگىلەر ھەمدە ھەرپ بەلگە تىزىقلىرىنى سېلىشتۇرىدىغان بەلگىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . تۆۋەندە بىز بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنى مۇھاكىمە قىلىمىز .

(1) سانلىق مەلۇماتلارنى سېلىشتۇرۇش .

سانلىق قىممەتلەرنى سېلىشتۇرىدىغان 6 خىل بەلگە بار تۆۋەندىكى جەدۋەلدە بۇ بەلگىلەر ھەمدە سىناش ئۇسۇللىرى تەپسىلى بايان قىلىنغان.

| بەلگە | چۈشەندۈرۈش |
|---|---|
| = | ئىككى ئىپادىنىڭ تەڭ ئىكەنلىكىنى سېلىشتۇرىدۇ تەڭلىكنىڭ ئىككى خىل بار يەنى راست ۋە يالغان ئىككى ئىپادە تەڭ بولغاندا قىممىتى توغرا ، بولمىسا خاتا |
| <> | ئىككى ئىپادىنىڭ تەڭ ئەمەسلىكىنى سېلىشتۇرىدۇ . ئۇنىڭ ئىككى خىل قىممىتى بار يەنى راست ۋە يالغان ئىككى ئىپادە تەڭ بولمىغاندا قىممىتى توغرا ، بولمىسا خاتا |
| > | سول تەرەپتىكى قىممەت ئوڭ تەرەپتىكىدىن چوڭ بولسا قىممىتى راست ئەكسىچە بولسا قىممىتى يالغان. |
| < | > نىڭ قىممىتى بىلەن قارمۇ قارشى |
| >= | سول تەرەپتىكى قىممەت ئوڭ تەرەپتىكىدىن چوڭ ياكى تەڭ بولسا قىممىتى راست ئەكسىچە بولسا قىممىتى يالغان. |
| <= | >=نىڭ قىممىتى بىلەن قارمۇ قارشى |
| Like | ئىككى ھەرپ بەلگە تىزىقنى سېلىشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ ، يەنى ئىككى قىممەت ماسلاشسا قىممىتى راست ئەكسىچە بولسا قىممىتى يالغان. |
| Is | ئىككى ئوبيېكتنىڭ بىردەك ياكى ئەمەسلىكىنى سېلىشتۇرىدۇ. |
| Is Not | ئىككى ئوبيېكتنىڭ بىردەك ئەمەسلىكىنى سېلىشتۇرىدۇ . |

(2) ھەرپ بەلگە تىزىقلىرىنى سېلىشتۇرۇش

Isشەكلى:

```
Result=Object1 is Object2
```

بۇنىڭدىكى Resultبولسا Booleanتىپلىق ، Object1ھەمدە Object2بولسا سېلىشتۇرماقچى بولغان سانلىق مەلۇمات تىپلىرى. مەسىلەن تۆۋەندىكىدەك :

```
Dim myobject As New Object
```

```
Dim otherobject As New Object
Dim yourobject, thisobject, thatobject As Object
Dim mycheck As Boolean
yourobject = myobject
thisobject = myobject
thatobject = otherobject '
mycheck = yourobject Is thisobject
mycheck = thatobject Is thisobject
mycheck = myobject Is thatobject
          Label1.Text = mycheck
```

Typeof…isشەكلى

Result=typeof objectexxprossion is typename

بۇنىڭدىكى Resultبولسا Booleanتىپلىق ، objectexxprossion بولسا سىلىشتۇرماقچى بولغان ئىپادە ، typenameبولسا سىلىشتۇرماقچى بولغان سانلىق مەلۇمات تىپى .

## 2.2.2 Visual Baic 2005دىكى كونترول قۇرۇلملىرى

Visual basic 2005قۇرۇلمىلاشقان پروگرامما تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىزگە ئۈچ تۈرلۈك كونترول جۈملىلىرىنى تەمىنلەش ئارقىلىق پروگراممىنى كونترول قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان . بۇ ئۈچ تۈرلۈك كونترول قۇرۇلمىلىرى بولسا ①تەرتىپ قۇرۇلما②شەرت قۇرۇلما③دەۋرى قۇرۇلمادىن ئىبارەت . تۆۋەندە بىز بۇ قۇرۇلمىلار ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مەزمۇنلار بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

1. ئىزاھ جۈملىسى

ئىزاھ جۈملىرى پروگراممىنىڭ مەلۇم بۆلىكىنىڭ ئىقتىدارىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ . ئادەتتە Visual basic 2005دە " ' "بەلگىسى ھەمدە Remسۆزى ئارقىلىق پروگرامما كودىغا نىسبەتەن ئىزاھ سۆزى قوشىمىز . پروگراممىا تۈزۈلگەن ياكى ئىجرا بولغان جەرياندا بولسۇن " ' " نىڭ كەينىدىكى مەزمۇننىڭ ياكى Remنىڭ كەينىدىكى مەزمۇنىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ . تۆۋەندىكى مىسالدا بىز كوددىكى ئىجرا سۆزگە دىققەت قىلىپ باقايلى:

```
    Protected Sub Form1_Click(ByVal sender As Object, ByVal e As System.EventArgs) Handles
Me.Click
        Dim Meshiq As String ' ھەرپ بەلگە تىپىدىكى بىر ئۆزگەرگۈچكە قىممەت بەلگىلىدۇق
        Meshiq = " ئەسسالامۇ - ئەلەيكۇم" ' ئۆزگەرگۈچكە قىممەت بولۇپ بەردۇق
        Label1.Text = Meshiq ' Meshiqنىڭ قىممىتىنى كۆرسەتتۇق
    End Sub
```

Visual Basic2005دە ئىزاھ سۆزى ئاپتوماتىك ھالدا يېشىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، شۇ ئارقىلىق بىز پروگراممىا كودى بىلەن ئىزاھ سۆزىنى پەرقلەندۈرەلەيمىز . Visual Basic 2005كە ئۆيغۇرچە ئىزاھ سۆزىنىمۇ قوشقىلى بولىدۇ ، لېكىن قوشقان ئۇيغۇرچە سۆز بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلى نورمال كۆرۈنمەي قالىدۇ .

2. تەرتىپ قۇرۇلما :

تەرتىپ قۇرۇلما پروگراممىا جۈملىلىرى ئىجرا بولۇشنىڭ ئىلگىرى كېيىنلىك تەرتىۋى بويىچە ئىجرا بولۇشنى كۆرسىتىدۇ .

3. شەرت تارماق قۇرۇلما

شەرتلىك تارماق قۇرۇلمادىكى تارماق قۇرۇلما جۈملىسى شەرتكە ئاساسەن مۇناسىپ ھەركەتلەرنى پەيدا قىلىشقا

Visual Basic 2005دە دائىم قوللىنىلىدىغان شەرت ئىجرا جۈملىلىرىدىن Ifجۈملىسى ، Select Caseجۈملىسى بار .

(1) If جۈملىسى

Ifجۈملىسىنىڭ 3خىل گىراماتىكىلىق قېلىپى بار .

- تاق تارماق ئۆلچەم

```
If    [ شەرت ]  Then
  [ جۈملىسى ]
End If
```

بۇنىڭ ئىچىدىكى "[]" بولسا تاللاشقا بولىدىغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ .

- قوش تارماق شەكلى

```
If  شەرت  Then
[ جۈملە بۆلىكى]
 [ Else
جۈملە بۆلىكى
End If
```

تۆۋەندىكى جەدۋەلگە ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىگە باھا بېرىپ باقايلى .

| نەتىجە | 60دىن تۆۋەن | 80~60 | 100~80 |
|---|---|---|---|
| باھا | لاياقەتسىز | لاياقەتلىك | ئەلغار |

بۇ جەدۋەلنى Ifجۈملىسى ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەيمىز.

```
Dim mark As Integer
        mark = Me.TextBox1.Text
        If mark > 80 Then
            Label1.Text = " ئەلغار"
        ElseIf mark > 60 Then
            Label1.Text = " لاياقەتلىك"
        Else
            Label1.Text = " لاياقەتسىز"
            End If
```

(2) Select ….Caseجۈملىسى

Select ….Caseجۈملىسى كۆپ شەرتلىك ھۆكۈملەرگە ناھايىتى ماس كېلىدىغان بولوپ ، ئۇنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىچە :

```
Select Case  ئىپادە
   Case  شەرت
   [ جۈملە]
   [Case Else
     جۈملە]
```

End Select

مەسلەن بىز Case ....Select جۈملىسىدىن پايدىلىنىپ بىر بىلەن توققۇزغىچە بولغان سانلارنىڭ تاق جۈپلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ باقايلى . جەريان تۆۋەندىكىدەك :

```
Select Case san
    Case 0, 2, 4, 6, 8
        Me.Label1.Text = " جۈپ"
    Case 1, 3, 5, 7, 9
        Me.Label1.Text = " تاق"
End Select
```

### 4. ئايلانما(دەۋرى) قۇرۇلما

ئايلانما قۇرۇلمىدىكى ئايلانما جۈملىلەر بىر قاتار تەكرار ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتا قوللىنىلىدۇ. Visual Basic2005دە 3تۈرلۈك ئايلانما (دەۋرى)جۈملە بار . ئۇلار For Each....next ,For .....nextھەمدە Do...Loopجۈملىلىرىدۇر.

#### (1) For .....nextجۈملىسى

جۈملە شەكلى :

For ئۆزگەرگۈچى= '[باشلىنىش قىممىتى] =To [ئايلىنىش قىممىتى]'[ئېشىش قىممىتى)

[ جۈملە]

[Exit For] "ئالاھىدە شەرت ئاستىدا پروگراممىدىن چېكىنىشنى بەلگىلەيدۇ

[ جۈملە]

Next[ئۆزگەرگۈچى]

تۆۋەندە بىز بۇنىڭغا بىر مىسال ئېلىپ ئۆتەيلى :

```
Private Sub Button1_Click(ByVal sender As System.Object,
ByVal e As System.EventArgs) Handles Button1.Click
        Dim yuz As Integer
        Dim san As Integer
        yuz = 0
        For san = 0 To 100
            yuz = yuz + san
        Next san
        Me.Label1.Text = yuz
    End Sub
End Class
```

#### (2) For Each...Next جۈملىسى

توپلامدىكى ھەر بىر ئېلېمېنتقا نىسبەتەن بىر قېتىملىق ئايلاندۇرۇش(دەۋرىيلىك)ئېلىپ بېرىلىدۇ . تاكى توپلامدىكى بارلىق ئېلېمېنتلار ئايلاشقانغا قەدەر ئېلىپ بېرىلىدۇ . كېيىنكى قەدەمدە ئاندىن Nextنىڭ ئاخىرىدىكى مەزمۇنلار ئىجرا بولىدۇ . ئادەتتە جۈملە شەكلى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ .

```
For Each توپلامدىكى ئېلمىنتلار‘
  [جۈملە]
[Exit For]
  [جۈملە]
Next [ئېلمىنت]
```

```
Dim found As Boolean = False
Dim thiscollection As New Collection
For Each thisobject As String In thiscollection
    If thisobject = " ئەسسالام" Then
        found = True
        Exit For
    End If
        Next thisobject
```

(3) Do…Loopجۈملىسى :

Do…Loopجۈملىسى جۈملىسى ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ھەمدە ئەڭ ئۈنۈملۈك بولغان بىر خىل جۈملە شەكلى بولۇپ ، بۇ جۈملە شەكلىنى Whileھەمدە Untilلار بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىپ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈملەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ .

● "…دىن باشلاپ"( While)ئايلانما قۇرۇلما جۈملىسىنىڭ ئىشلىتىلىش شەكلى :

```
① Do While ‘ شەرت
     [جۈملە]
   [Exit Do]’ مەلۇم شەرت ئاستىدا شەرتتىن چىكىنىدۇ
     [جۈملە]
   Loop
② Do
     [جۈملە]
   [Exit Do]’ مەلۇم شەرت ئاستىدا شەرتتىن چىكىنىدۇ
 Loop While ‘ شەرت
```

مەسلەن 1دىن 100غىچە بولغان سانلارنىڭ يىغىندىسىنىڭ Do…whileئارقىلىق ئىپادىلىنىشى بولسا :

```
Dim sum As Integer
Dim i As Integer
sum = 0
i = 1
Do While i <= 100
    sum = sum + i
    i = i + 1
Loop
Me.Label1.Text = sum
```

● "…غىچە بولغان"( Until)ئايلانما قۇرۇلما جۈملىسىنىڭ ئىشلىتىلىش شەكلى :

① Do Until ‘ شەرت

[جۈملە]

[Exit Do]’ مەلۇم شەرت ئاستىدا شەرتتىن چىكىنىدۇ

[جۈملە]

Loop

② Do

[جۈملە]

[Exit Do]’ مەلۇم شەرت ئاستىدا شەرتتىن چىكىنىدۇ

Loop Until ‘ شەرت

مەسىلەن 1 دىن 100غىچە بولغان سانلارنىڭ يىغىندىسىنىڭ Do...Until ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى بولسا :

```
Dim sum As Integer
Dim i As Integer
sum = 0
i = 1
Do Until i > 100
    sum = sum + i
    i = i + 1
Loop
Me.Label1.Text = sum
```

5. Endجۈملىسى

Endجۈملىسى پروگراممىنى ئاياقلاشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ ، ئۇنى يالغۇز ھالەتتىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ . تۆۋەندىكى جەدۋەلدە ئاساسلىق Endجۈملىلىرى تەمىنلەندى .

| | |
|---|---|
| End AddHandler | End property |
| End class | End RaiseEvent |
| End Enum | End Remove Handler |
| End Event | End Select |
| End Function | End Set |
| End Get | End Structure |
| End Interface | End Sub |
| End Module | End Synlock |
| End Name Space | End Try |
| End Operator | End While |